**الكلمات الجديدة: (يڭى سۆزلەر)**

| |
|---|
| **اَلْمَدْرَسَةُ: مەكتەپ الْفَصْل :سنىپ الْحَمّامُ: مۇنچا اَلْمِرْحَاضُ: خالا اَلْمَطْبَخُ: ئاشخانا اَلْغُرْفَةُ: ياتاق** |
| **اَلْجَامِعَةُ: ئونۋېرستىت السُّوْقُ: بازار** |
| **اليَابَان: ياپۇنيە الصِّيْنُ: جۇڭگو الهِنْدُ: هندىستان الفِلِبِيْنُ: فىلىپپىن** |
| **الْمدِيْرُ: مۇدىر ذهب: كەتتى خَرَجَ: چىقىپ كەتتى** |

## « فِـيْ .عَلَـى. مِـنْ. إلَـى »

## مِنْ حُرُوْفِ الْجَـرّ

**(5)الدرس الخامس**

**سعيد: أكتاب محمد هذا يا ياسر ؟**

سعيد: ئى ياسر بۇ مۇھەممەتنىڭ كىتابىمۇ؟

**ياسر: لا , هذا كتاب حامد ؟**

ياسر : ياق ، بۇ ھامىدنىڭ كىتابى .

**سعيد: أين كتاب محمد ؟**

سعيد: مۇھەممەتنىڭ كىتابى قەيەردە ؟



**ياسر :هو على المكتب هناك**

ياسر: ئۇ ئاۋۇ يەردىكى ئۈستەل ئۈستىدە ؟

**سعيد : أين دفتر عمار ؟**

سعيد: ئەممارنىڭ دەفتىرى قەيەردە ؟

**ياسر: هو على مكتب المدرس**

ياسر : ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە .

**سعيد: قلم من هذا يا علي ؟**

سعيد : ئى ئەلي بۇ كىمنىڭ قەلىمى؟

**علي : هذا قلم المدرس .**

علي : بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلىمى.

**سعيد: أين حقيبة المدرس؟**

سعيد : ئۇقۇتقۇچىنىڭ سومكىسى قەيەردە؟

**علي : هي تحت المكتب**

علي : ئۇ ئۈستەلنىڭ ئاستىدا.



## بۇ دەرستىكى گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ـــ ئىككى ئىسىم قوشۇلۇپ تەۋەلىك ھاسىل قىلغان سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ئېنىقلىغۇچى ۋە ئېنىقلانغۇچىدىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ سۆز بىرىكمىسىنى تەرجىمە قىلغاندا ئالدى بىلەن ئىككىنچى بۆلىكى (يەنى ئېنىقلىغۇچى)نى، ئاندىن بىرىنچى بۆلىكى (يەنى ئېنىقلانغۇچى)نى تەرجىمە قىلىپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «...نىڭ» قوشۇلىدۇ. مەسلەن:

كِتَابُ مُحَمَّدٍ (مۇھەممەدنىڭ كىتابى)

ئېنىقلانغۇچى ئېنىقلىغۇچى

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئۈچ خىل خۇسۇسىيىتى بار:

1) بىرىنچى بۆلىكى (يەنى ئېنىقلانغۇچى) «الـ» (ئەلىف لام) ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئاخىرى جۈملىدىكى ئورنىغا ئاساسەن تاق زەبەر، تاق پەش ۋە تاق زىرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. مەسلەن:

كِتَابُ عَمَّارٍ (ئەممارنىڭ كىتابى)

عَلَى مَكْتَبِ الْمُدَرِّسِ (ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈستەلى ئۈستىدە)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئىككىنچى بۆلىكى(يەنى ئېنىقلىغۇچى)نىڭ ئاخىرى ھەردائىم زىرلىك ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاخىرى زىر ھەرىكەت بىلەن تۈرلىنىشنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىسىم بولسا، زىرنىڭ ئورنىدا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. ئەمما، بىز ئۇنى يەنىلا ئورۇن جەھەتتىن زىرلىك ئوقۇلغان دەپ قارايمىز. مەسىلەن:

كِتَابُ مُحَمَّدٍ (مۇھەممەدنىڭ كىتابى)

كِتَابُ فَاطِمَةَ (پاتىمەنىڭ كىتابى)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) ئىككىنچى بۆلىكى ئېنىق ئىسىم بولسا، ئۇ بىرىنچى بۆلىكنى ئېنىقلىققا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

كِتَابُ عَمَّارٍ (ئەممارنىڭ كىتابى)

قَلَمُ الْمُدَرِّسِ (ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلىمى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: قاراتما سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

قاراتما سۆز بىرىكمىسى ـــ كۆز ئالدىدىكى مەلۇم شەخسنى ئۆزىگە قارىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان چاقىرىش قوشۇمچىسى بىلەن ئىسىمدىن بىرىككەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

ئۇ چاقىرىش قوشۇمچىسى ۋە چاقىرىلغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئاخىرىمۇ تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن:

يَا يَاسِرُ (ھەي ياسىر! )

چاقىرىش قوشۇمچىسى چاقىرىلغۇچى

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «تَحْتَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «ئاستىدا»، «تېگىدە».

ئاتىلىشى: ئورۇن رەۋىشى.

خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكىلدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ، پېئىللىق جۈملىدە ئورۇن تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

هِيَ تَحْتَ الْمَكْتَبِ (ئۇ جوزىنىڭ ئاستىدا)

وَضَعْتُ الْحَقِيْبَةَ تَحْتَ الْمَكْتَبِ (سومكىنى جوزىنىڭ ئاستىدا قويدۇم)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 4- مەزمۇن: ئۇلانما ھەمزىلىك ئىسىملار توغرىسىدا

اِسْمٌ، اِبْنٌ ... لارغا ئوخشاش باش ھەرپى ئۇلانما ھەمزە بىلەن باشلانغان ئىسىملار ئۇلانما ھەمزىلىك ئىسىملار دېيىلىدۇ. ئۇلانما ھەمزىلىك ئىسىملار جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە بېشىدىكى ھەمزە يېزىلىدۇ ھەم ئوقۇلىدۇ؛ ئەگەر جۈملىنىڭ ئارىسىدا كەلسە بېشىدىكى ھەمزە يېزىلىدۇ، ئەمما ئوقۇلمايدۇ. مەسىلەن:

اِسْمُ الْوَلَدِ مُحَمَّدٌ ، وَاسْمُ الْبِنْتِ زَيْنَبُ .

(ھېلىقى) بالىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، (ھېلىقى) قىزنىڭ ئىسمى زەينەب.

اِبْنُ الْمُدَرِّسِ فِيْ الْفَصْلِ ، أَيْنَ ابْنُ الْمُدِيْرِ ؟

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوغلى سىنىپتا، مۇدىرنىڭ ئوغلى قەيەردە؟

دېگەنگە ئوخشاش.

| مُضَافٌ إِلَيْهِ | مُضَافٌ |
|---|---|
| ↓ | ↓ |
| ئېنىقلىغۇچى | ئېنىقلانغۇچى |
| (ئىككىنچى بۆلىكى) | (ئىزاپەتنىڭ بىرىنچى بۆلىكى) |

## تَمَارِيْنُ

**(1)أجب عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

**(1)**أين كتاب محمد؟

**(2)**أين كتاب عمّار؟

**(3)**أين حقيبة المدرس؟

**(2)أضف الكلمة الأولى إلى الثانية : (بىرىنجى سۆزنى ئىككىنجى سۆزگە قوشۇپ ئىزاپەلىك سۆزبىرىكمىسى هاسىل قىلىڭ)**

| | | | |
|---|---|---|---|
| كتابٌ، محمدٌ | كتابُ محمدٍ | مَكْتَبٌ، المدرسُ | :مكتبُ المدرسِ |
| قلمٌ، حامدٌ | ............ | مفتاحٌ، البيتُ | .............. |
| بيتٌ ،عبّاسٌ | ............ | دكّانٌ ، التاجرُ | .............. |
| غُرفةٌ ، عليٌّ | ............ | بيتٌ ، المهندسُ | .............. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دفترٌ ، سعيدٌ | ............... | اِسْمٌ ، الولدُ | ............... |
| منديلٌ، ياسرٌ | ............ | كتابٌ ، اللّه | ............... |
| قميصٌ ،عمّارٌ | ........... | بِنْتٌ ، الطبيبُ | ............... |
| سريرٌ ،خالدٌ | ............... | مفتاحٌ ، السَّيارَةُ | ............... |

(3)اقرأ واكتب مع ضبط أواخر الكلمات. ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇپ ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)

باب المدرسة، حمار الرجل، بيت حامد، سيارة المدير

منديل عمّار، اسم الطالب، بيت اللّه، في كتاب الله ،

من بيت المدرس، على مكتب المدير.

(4)اقرأ؟ (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

(1)أين بيت المدرس؟ هو بَعِيدٌ.

(2)القُرآن كتاب الله.

(3)الكعبة بيت اللّه.

(4)محمدٌ صلى اللّه عليه وسلم رسُوْل اللّه .

(5)خرج المدرس من غرفة المدير.

(6)هذا بيت حامد وذلك بيت خالد.

(7)ابْنُ عمّار طالب وابْنُ ياسر تاجر.

(8)بيت المدرس بَعِيدٌ وبيت التاجر قَرِيبٌ.

(9)هذا مفتاح السيارة. أين مفتاح البيت؟

(10)من أنت يا ولد؟ أنا ابن عباس.

(11) وابْنُ مَنْ هو؟ هو ابْن خالد.

(12) أين مسجد رسول اللّه صلَّى اللّهُ عَلَيْهِ وسَلَّمَ؟ هو في المَدِيْنَة المُنَوَّرة.

(13)بنت حامد في المدرسة وبنت محمد في الجامعة.

(14)اِسم المدرس سعيد واسم المهندس خالدٌ.

(15)عَمّ الطالب غَنِيٌّ.

(16)باب المسجد مفتوحٌ وباب المدرسة مُغْلَقٌ

(17)خال حامد فَقِيرٌ.

(18)سيارة عبّاس في الشّارع.

(19)ابْنُ مَنْ أنتَ؟ أنا ابنُ المدرس.

(20)أين الكلب؟ هو تحت السيارة.

(5)كون جملاً مفيدة بملء الفراغ فيما يلي: ( تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇپ تولۇق جۈملە شەكىللەندۈرۈڭ)

| | |
|---|---|
| (1)............ البيتِ مُغْلَقٌ | (2)أين ............ السيّارةِ؟ |
| 3)محمد صلى الله عليه وسلم رسول............... | (4) ............... الطبيبِ بعيدٌ |
| (5)القرآن كتاب ........ | (6)خديجة.............. حامدٍ |
| (7)أنا ............. المدرس. | .(8)..............الطالبِ مكسورٌ |
| (9)باب ......... مفتوح. | (10)خرج المدرسُ من..... المدير. |

(6)صَحِّحْ التركيبات التالية: (تۆۋەندىكى بىرىكمىلەرنى توغرىلاڭ)

| | |
|---|---|
| القلم الطالبِ........... | بابُ السيارةُ.................. |

بنتُ حامدُ.....................          الرسولُ اللّه..................

اِسمُ الولدَ.....................          اِبْن المدرس......................

(7)محمدٌ : يا محمدُ          أُسْتاذٌ : يا أُسْتَاذُ

خالدٌ : يا خالدُ          ولدٌ : يا ولدُ

اِقْرأ واكْتُبْ مَعَ ضَبْطِ أواخِرِ الكَلِمَاتِ: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇپ ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)

يا عليّ .يا عبّاس. شيخ. يا شيخ. يا رجل. ياسر.

يا عمّار. دُكْتُور. يا دُكْتُور.

(8)اِقرأ المثال الآتي ثم كَوِّنْ أَسْئِلَةً مِثْلَهُ مُشِيْراً إلى الصور التالية:

(تۆۋەندىكى مىسالنى ئوقۇڭ ئاندىن تۆۋەندىكى سۈرەتلەرگە ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇئاللارنى شەكىللەندۈرۈڭ)



كتابُ مَنْ هذا؟



............. ؟



............؟



............؟

............؟

(9)اِسمٌ :اِسْمُ الولد محمدٌ واسْمُ البنت زينب.

اِسْمُ المدرس حامد. ما اسْمُ المدير؟

ابْنٌ : اِبْنُ خالد في المدرسة وابْنُ حامد في الجامعة.

ابْنُ المدرس في الفصل .أينَ ابْنُ المدير؟

اقرأ ما يلي مراعيا قواعد نطق همزة الوصل: (تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ھەمزى ۋەسلى(ئۇلانما ھەمزە) نىڭ سۆزلەش قائىدىسىگە رىئايە قىلىپ ئوقۇپ چىقىڭ)

(1)ابن محمد في العراق وابن حامد في الهند.

(2)خرج ابن الطبيب من البيت.

(3)ذهب ابن التاجر إلى السوق.

(4)اسم المُهَنْدِس فَيْصَلٌ واسم الطبيب مَسْعُودٌ.

(5)ما اسم الرجل؟.

(6)ابن من أنت؟ أنا ابن الوزير.

الكلمات الجديدة: (يېڭى سۆزلەر)

| | | |
|---|---|---|
| الرسول ـ اللەنىڭ ئەلچىسى | الكعبة ـ كەئبە | الاسْمُ ـ ئىسىم الابْنُ ـ ئوغۇل |
| العَمّ ـ تاغا ئاكا(دادىسىنىڭ ئەر بىر تۇققىنى) | الحَقِيْبَةُ ـ سومكا | الخَالُ ـ تاغا ئاكا(ئانىسىنىڭ ئەر بىر تۇققىنى) |
| السَّيارَةُ ـ ماشىنا | الشَّارِعُ ـ كوچا | مُغْلَقٌ ـ تاقاقلىق |
| تَحْتَ ـ ئاستىدا | هُنَاكَ ـ ئاۋۇ يەردە | اَلْمُهَنْدِس ـ ئىنژېنېر |

سيّارةُ ↓ مُضَافٌ ↓ ئېنىقلانغۇچى (ئىزاپەتنىڭ بىرىنچى بۆلىكى)

المدرّس ↓ مُضَافٌ إلَيْهِ ↓ ئېنىقلىغۇچى (ئىزاپەتنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى)

(6)الدرس السادس

**هـــــذه**



**هذا ابْنُ حامدٍ وهذه بِنْتُ يَاسِرِ.**

بۇھامدنىڭ ئوغلى ۋە بۇياسىرنىڭ قىزى.

**ابْنُ حامد جالِسٌ وبنت ياسر واقفة**

ھامدنىڭ ئوغلى ئولتۇرىدۇ ۋە ياسىرنىڭ. قىزى

ئۆرە تۇرىدۇ.



**من هذه؟** بۇ قىز كىم ؟

**هذه أُخْتُ المهندس**

بۇ ئىنژېنرنىڭ ھەمشىرىسى.

**أهِيَ أيْضاً مهندسة؟**

ئۇمۇ ھەم ئىنژېنىرمۇ ؟

**لا، هي طَبِيْبَةٌ:** ياق، ئۇ دوختۇر.

**سيارة من هذه؟**

بۇ كىمنىڭ ماشىنىسى؟



**هذه سيارة المدير.**

بۇ مۇدىرنىڭ ماشىنىسى.

**ما هذه؟:** بۇ نىمە ؟



**هذه مِكْواةٌ:** بۇ دەزمال.

**لِمَنْ هـذه؟:** بۇ كىمنىڭ ؟

**هذه لِخَالِدٍ :** بۇ خالىدنىڭ.

**أدَرّاجَةُ أَنَسٍ هذه؟**



بۇئەنەسنىڭ ۋېلسىپتمۇ؟

**لا، هذه دَرّاجَة عَمّار.**

ياق، بۇ ئەممارنىڭ ۋېلسىپتى.

**هذه جديدةٌ :** بۇ يېڭى.

**ودرّاجة أنس قديمةٌ.**

ئەنەسنىڭ ۋېلسىپتى كونا.



**هذه سَاعَة عليٍّ . هي جميلةٌ جِداً.**

بۇ ئەلىينىڭ سائىتى . ئۇ بەك چىرايلىق.



**هذه مِلْعَقَةٌ وهذه قِدْرٌ .**

بۇ قوشۇق ۋە بۇ قازان.

**المِلْعَقَة في القدر.**

قوشۇق قازاندا.



**هذه بَقَرَةُ الفَلّاح.**

بۇ دېھقاننىڭ كالىسى.

**هذا أَنْفٌ وهذا فَمٌ.**

بۇ بۇرۇن ۋە بۇ ئېغىز.





**هذه أُذُنٌ وهذه عَيْنٌ .**

بۇ قۇلاق ۋە بۇ كۆز .



**وهذه يَدٌ وهذه رِجْلٌ.**

بۇ قول ۋە بۇ پۇت.

## بۇ دەرستىكى گراممانىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: «هٰذِهِ» توغرىسىدا

مەنىسى: «بۇ».
ئاتىلىشى: ئاياللىق بىرلىك يېقىننى كۆرسىتىش ئالمىشى.
ئىشلىتىلىشى: يېقىن ئورۇندىكى ئاياللىق جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكىلدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذِهِ سَاعَةُ عَلِيٍّ (بۇ ئەلىنىڭ سائىتى)
هٰذِهِ قِدْرٌ (بۇ قازان)

### 2- مەزمۇن: لام «لِ» توغرىسىدا

مەنىسى: «... نىڭ»، «ئۈچۈن».
ئاتىلىشى: ئاخىرىنى زىر قىلىش قوشۇمچىسى.
ۋەزىپىسى: ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرىنى زىرلىك ئوقۇتۇشتۇر. مەسىلەن:

هٰذِهِ لِخَالِدٍ (بۇ خالىدنىڭ)
دېگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: بەدەندىكى جۈپ ۋە تاق ئەزالار توغرىسىدا

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىكى جۈپ ئەزالارنىڭ ئىسىملىرى ئاياللىق جىنستىكى ئىسىملار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «هٰذِهِ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذِهِ أُذُنٌ (بۇ قۇلاق)
هٰذِهِ عَيْنٌ (بۇ كۆز)

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىكى تاق ئەزالارنىڭ ئىسىملىرى ئەرلىك جىنستىكى ئىسىملار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا،

بۇلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «هٰذَا» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا أَنْفٌ (بۇ بۇرۇن)

هٰذَا فَمٌ (بۇ ئېغىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئاياللىق جىنىستىكى ئىسىملار توغرىسىدا

ئەرلىك جىنىستىكى ئىسىملارنى ئاياللىق جىنىستىكى ئىسىملارغا ئۆزگەرتمەكچى بولساق، ئاخىرىغا «ة» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

طَالِبٌ ← طَالِبَةٌ طَبِيْبٌ ← طَبِيْبَةٌ

ئەرەب تىلىدا يەنە ئاياللىق جىنسقا تەۋە ئىكەنلىكىگە ئائىت بىرەر ئالامەت بولمىسىمۇ ئاياللىق جىنىستىكى ئىسىم ھېسابلىنىدىغان بىر تۈركۈم سۆزلەر بار. مەسىلەن: اَلْقِدْرُ، اَلشَّمْسُ، عَيْنٌ ... دېگەنگە ئوخشاش.

## تَمَارِيْن

**(1) اِقْرأ واكتب: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

1ـ هذا مسجد وهذه مدرسة

2ـ من هذه؟ هذه أخت عبّاس.

3ـ هذا ديك وهذه دجاجة

4ـ هذا ابْن المدير و هذه بنت المدرس.

5ـ هذه أمّ ياسر.

6ـ أين قدر اللحم؟ هي في الثلاَّجة.

7ـ هذا باب وهذه نافِذَةٌ



**(2)ما هـــذا و ما هـــذِهِ؟**



**(3)إقرأ المِثالَ وكوِّنْ جُمَلاً على غِراره(تۆۋەندىكى مىسالنى ئوقۇپ ئاندىن مىسالدىكىگە ئوخشاش قىلىپ جۈملە تۈزۈڭ)**

| | |
|---|---|
| (1)محمدٌ طالبٌ | آمنةُ طالبـةٌ. |
| (2)حامدطَبِيْب | فاطمة..................... |
| (3)هو مُسْلِمُ | هي....................... |
| (4)الباب مُغْلَق. | النافِذَة.................. |
| (5)المنديل وَسِخ. | اليد..................... |
| (6)اَلشَّاي حارّ. | القَهْوَة................. |
| (7)المسجد بعيد. | المدرسة................. |
| (8)الطالب مريض. | الطالبة................. |
| (9)الحصان سَرِيْعُ | السيارة................. |
| (10)القمر جميل. | الشمس.................. |
| (11)الأب جالِس. | الأمّ..................... |

**(4)صَحِّحْ الْجُمَلَ الآتيـة** **(تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى توغرىلاڭ)**

(1)حقيبةُ مَنْ هذا؟ .................................

(2)الغرفة مفتوح. .................................

(3)هذا سيارة الطبيب. .................................

(4)هذه مفتاح السيارة. .................................

(5) أين السيارة؟ هو في الشارع. .....................................

**(5)اقرأ واكتب مع ضبط أواخر الكلمات: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇپ ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

(1)هذا لمحمد وذلك لحامد. (2)لمن هذه؟ هذه لياسر.
(3)الحمد لله. (4)للّه المَشْرقُ والمَغْربُ.

الكلمات الجديدة: (يگى سۆزلەر)

| |
|---|
| المِكْواة ـ دەزمال الدرَّاجَةُ ـ ۋلسپيت المِلْعَقَةُ ـ قوشۇق القِدْرُ ـ قازان البَقَرَةُ ـ كالا الفَلاَّحُ ـ دېهقان الأَنْفُ ـ بۇرۇن الفَمُ ـ ئغز الأُذُنُ ـ قۇلاق اليَدُ ـ قول الرجْلُ ـ پۇت الشّايُ ـ چاي الأُمُّ ـ ئانا الثَّلاَّجَةُ ـ توڭلاتقۇ القَهْوَة ـ قەهۋە سريع ـ تز النَّافِذَةُ ـ دېرېزە جِداً ـ بەك<br><br>أُخْت ـ هەمشرە، قىز بر تۇققان |

## (7)الدَّرْسُ الَّسابعُ



**من هـذه؟ـ** بۆ کم ؟

**هـذه آمنـة ــ** بۆ ئامنه .

**ومن تِلْـكَ؟ـ** ئاۋۆ کم ؟

**تِلْكَ فاطمـةُ ـ** ئاۋۆ فاتمه.

**هذه طبيبة وتِلْكَ مُمَرِّضَةٌ.**

بۆ فاتمەۋە ئاۋۆ سسسترا.

**هذه من الهِنْد وتلك من اليابان.**

بۆهندستاندىن، ئاۋۆياپۆنيىدىن

**هذه طَوِيْلَةٌ وتلك قَصِيْرَةٌ.**

بۆ ئىگىز ۋە ئاۋۆ پاكار.



**من هـذا؟ـ** بۆ کم ؟

**هذا حامـدٌ ـ** بۆ هامىد.

**ومـن ذلـك؟ـ** ئاۋۆ کم ؟

**ذلـك علـيٌّ ـ** ئاۋۆ ئەلى.



**أتلك دجاجةٌ ؟ـ** ئاۋۆ تۆخۇمۇ؟

**لا. تلكَ بَطَّةٌ ــ** ياق، ئاۋۆ ئۆدەك.



**ما تِلْكَ؟ـ** ئاۋۇ نىمە؟

**تِـلْكَ بَيْضَـةٌ ـ** ئاۋۇ تۇخۇم.



**هذه سيّارة المدرّس وتلك سيّارة المدير.**

بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ماشىنىسى ۋە ئاۋۇ مۇدىرنىڭ ماشىنىسى.



**أساعةُ عبّاسٍ هـذه؟**

بۇ ئاباسنىڭ سائىتىمۇ؟

**لا. هذه ساعةُ حامدٍ ، تلك ساعة عبّاسٍ.**

ياق . بۇ هامىدنىڭ سائىتى ،ئاۋۇ ئاباسنىڭ سائىتى .



**ذلك ديكٌ وتلك دَجَاجَـة.**

ئاۋۇ خوراز ۋە ئاۋۇ مىكيان

**بۇ دەرستىكى گرامماتىكىلىق قائىدىلەر:**

## «تِلْكَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «ئاۋۇ».

ئاتىلىشى: ئاياللىق بىرلىك يىراقنى كۆرسىتىش ئالمىشى.

ئىشلىتىلىشى: يىراق ئورۇندىكى ئايالىق جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكىلدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.

ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تِلْكَ فَاطِمَةُ (ئاۋۇ پاتىمە)

تِلْكَ بَيْضَةٌ (ئاۋۇ تۇخۇم)

دېمەك، كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن «هٰـذَا» بىلەن «ذٰلِـكَ» ئەرلىك جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىشكە، «هٰذِه» بىلەن «تِلْكَ» ئايالىق جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ

## تَمَارِيْنُ

**(1)اِقرأ واكتب: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

**(1)هذه مَدْرَسة وتلكَ جامِعَة.**

**(2)ذلك حمار وتلك بَقَرَة.**

**3) أذلك مسجد؟ لا. تلكَ مدرسة**

**(4)هذا جمل وتلك نَاقَة.**

**(5)هذه مدرسة وتلك طالبة.**

**(6)هذا كلب وذلك قط.**

**(7)هذا بيت المؤذِّن وتلك حديقة التاجر**

**(2)أشر إلى الكلمات الآتية باسم إشارة للبعيد (ذلك، تلك): ((ذلك، تلك)دىن ئىبارەت يىراقنى كۆرسىتىش ئالمىشى بىلەن تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىشارەت قىلىڭ)**

| | | |
|---|---|---|
| **(1) ..........أم.** | **(2) .......أب.** | **(3) ..........قَلَم.** |
| **(4) ......مِلْعقة.** | **(5) ......عَين** | **(6) .......حَجَر.** |
| **(7) .....قميص.** | **(8) .......قِدْر.** | **(9) ........نافذة** |
| **(10) .......بَقرة** | **(11) ....مكتب** | **(12) .......ناقة** |
| **(13) ....مهندس** | **(14) ......مُؤذِّن.** | **(15) ....مُمَرِّضة** |
| **(16) ......سرير** | **(17) .....حديقة** | **(18) .......طالبة** |
| **(19) .......جمل** | **(20) ......بطَّة.** | |

الكَلِمَاتُ الْجَدِيْدَةُ: (يېڭى سۆزلەر)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| الْمُمَرِّضَة ـ سېستىرا | الحدِيقَة ـ باغچا | البَطَّة ـ ئۆردەك | المُؤَذِّن ـ مۇئەززىن | النَاقَةُ ـ تۆگە |
| | | البَيْضَةُ ـ تۇخۇم | | |

أسماء الإشارة للقريب　　　　أسماء الإشارة للبعيد

يېقىننى كۆرسىتىش ئالماشلىرى　　　　يىراقنى كۆرسىتىش ئالماشلىرى

| | |
|---|---|
| هذا محمد | ذلك حامدٌ |
| هذِهِ آمِنَة | تِلْكَ زينبُ |

# (8)الدَّرْسُ الثَّامِنُ

**هذا الرَّجُلُ تاجر وذلك الرَّجُلُ طبيب.**

بۇ ئەر سودىگەر ۋە ئاۋۇ ئەر دوختۇر .

**اِسْمُ التاجر محمود واسْم الطبيب سعيد.**

سودىگەر نىڭ ئىسمى مەھمۇد ۋە دوختۇر نىڭ ئىسمى سەئىد .

**هذا البيتُ لِلتَّاجِرِ وذلك البيتُ لِلطَّبِيب.**

بۇ ئۆي سودىگەرنىڭ ۋە ئاۋۇ ئۆي دوختۇر نىڭ .

**بيتُ التاجر أَمامَ المسجدِ وبيتُ الطبيبَ خَلْفَ المَدْرسةِ.**

سودىگەرنىڭ ئۆيى مەسجىدنىڭ ئالدىدا ۋە دوختۇرنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ كەينىدە .

**لِمَنْ هذه السيّارةُ ولِمَنْ تلكَ؟**

بۇماشىنا كىمنىڭ ۋە ئاۋۇ كىمنىڭ .

**هذه السيارة للطبيب وتلك للتاجر.**

بۇماشىنا دوختۇرنىڭ ۋە ئاۋۇ سودىگەرنىڭ .

**هذه السيارة من اليابان وتلك من أمريكا.**

بۇماشىنا ياپۇنىيىنىڭ ۋە ئاۋۇ ئامىركىنىڭ .

## بۇ دەرستىكى گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى ـــ كۆرسىتىش ئالمىشىدىن كېيىن بىر ئەلىف-لام «الـ»لىق ئىسىم ئۇلىنىپ كېلىپ بۇ ئالماشنى ئىزاھلىغان سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

هٰذَا الرَّجُلُ تَاجِرٌ (بۇ كىشى سودىگەر)
ذٰلِكَ الرَّجُلُ طَبِيْبٌ (ئاۋۇ كىشى دوختۇر)
دېگەنگە ئوخشاش.

ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلانغۇچى ۋە ئىزاھلىغۇچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ:

1) سان (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك) جەھەتتە ماسلىشىدۇ.
2) جىنس (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق) جەھەتتە ماسلىشىدۇ.
3) ئىئراب (يەنى ئاخىرىنىڭ زەبەر، پەش ۋە زىرلىك ئوقۇلۇشى) جەھەتتە ماسلىشىدۇ.
4) ئېنىق ۋە ئېنىقسىز بولۇش جەھەتتە ماسلىشىدۇ.

(قالغان تەپسىلاتى ئاللاھ تەئالا خالىسا كېيىنكى دەرسلەردە سۆزلىنىدۇ.)

### 2- مەزمۇن: «أَمَامَ» ۋە «خَلْفَ» توغرىسىدا

«أَمَامَ» ـــ «ئالدىدا»، «خَلْفَ» ـــ «ئارقىسىدا» دېگەن مەنىدە.
ئاتىلىشى: ئورۇن رەۋىشى.
خاراكتېرى: قاتقان ئىسىملار.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ، پېئىللىق جۈملىدە ئورۇن تولدۇرغۇچى (يەنى ئورۇن رەۋىشى) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بَيْتُ التَّاجِرُ أَمَامَ الْمَسْجِدِ (سودىگەرنىڭ ئۆيى مەسجىدنىڭ ئالدىدا)
بَيْتُ الطَّبِيْب خَلْفَ الْمَدْرَسَةِ (دوختۇرنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ كەينىدە)

جَلَسْتُ أَمَامَ حَامِدٍ (مەن هامدنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم)

دېگەنگە ئوخشاش (ئاستىغا سىزىلغانلىرى ئورۇن رەۋىشى).

### 3- مەزمۇن: ئاخىرىدا «ا» بولغان ئىسىملار توغرىسىدا

ئاخىرىدا «ا» (ئەلىف) ياكى «ى» سۈرەتلىك ئەلىف بولغان ئىسىملارنىڭ ئىئرابى پەرەزىي (تەقدىرەن) بولىدۇ، يەنى زەبەر، پىش ۋە زىر ئاشكارا ئوقۇلمايدۇ، بەلكى ئورۇن جەھەتتىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

پىشلىك ئوقۇلغىنى: أَمْرِيْكَا دَوْلَةٌ يَهُوْدِيَّةٌ (ئامېرىكا يەھۇدىي دۆلىتى)

زىرلىك ئوقۇلغىنى: أَنَا مِنْ أَمْرِيْكَا (مەن ئامېرىكىدىن)

فِي الْمُسْتَشْفَى إِلَى الْمُسْتَشْفَى

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى بۇ مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرى ئورۇن جەھەتتىن پىش ۋە زىرلىك ئوقۇلدى.

## تَمَارِيْنُ

**(1)أَجِبْ عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

(1) من هذا الرجل ومن ذلك الرجل؟
(2) ما اسم التاجر؟
(3) ما اسم الطبيب؟
(4) من أين سيارة الطبيب؟
(5) من أين سيارة التاجر؟
(6) أين بيت التاجر؟
(7) أين بيت الطبيب؟

**(2)اِقرأ واكتب: (تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

(1) هذا الولد خالد وذلك الولد محمد.
(2) هذا الرجل مدرس وذلك الرجل مهندس.
(3) هذا الكتاب جديد وذلك الكتاب قديم.
(4) هذه السيّارة لعلي وتلك لخالد.
(5) هذا الباب مفتوح وذلك الباب مُغْلَق.
(6) لمن هذه الساعة؟ هي لعبّاس.

(7) أهذا البيت للطبيب؟ لا. هو للمدرس.

(8) أهذه الدرّاجة لابن المؤذّن؟ نعم.

(9) من هذا الولد؟ هو طالب من الصين.

(10) أذلك البيت جديد؟ لا. هو قديم جدًا.

(11) هذه السيارة من اليابان وتلك من أَمْريكَا.

(12) هذا السِّكِّيْنُ من أَلْمَانيا وتلك الملعقة من إنكلترا.

(3)اِقرأ المثال الآتي ثم حوّل الجُمَلَ الآتية مِثْلَهُ: (مسالنى ئوقۇڭ ئاندىن تۆۋەندىكى جۈمللەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزگەرتىڭ)

مثال :هذا كتابٌ. هذا الكتابُ لمحمدٍ.

(1)هذا طبيب. ..................من الهند.

(2)هذه سيّارة ..........للمدير.

(3)ذلك ولد. ...................ابن المدرس.

(4)تلك ساعة. ...................من سُويسْرا.

(5)هذا بيت. ...................للمهندس.

(6)هذا قلم. ...................لعبّاس.

(7)ذلك رجل. ...................مؤذّن.

(8)هذه بَيْضَة. ...................كبيرةٌ.

(9)هذا منديل. ...................وَسِخ.

(10)هذه حقيبة. ...................للمدرس.

(4)اِقرأ المثال الآتي ثم كوّن أسئلةً وأجوبةً مثله :(تۆۋەندىكى مسالنى ئوقۇڭ ئاندىن ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇئاللار-جاۋابلارنى شەكىللەندۈرۈڭ)



مثال: لِمَنْ هذا الكتابُ هذا الكتاب لمحمد. ( محمد )

(1)..............  ..........(عباس)

(2)..............  ..........(عليّ)

(3)...............  ..........(المدير )

(4)...............  ...............(الفلاّح)

(5)...............  ..........(المدرس)

(6)...............  ...........( عمّار)

(7)...............  .......(بنت الفلاّح )

(8)...............  ..........(ابن المدير)

(9)...............  .............(الطبيب )

(10)............  .............(الطالب)

**(5)تأملْ الأمثلة الآتيـة: (تۆۋەندىكى مىساللارنى ئويلىنىڭ)**

| | | | |
|---|---|---|---|
| البيتُ | في البيتِ | من البيتِ | إلى البيتِ |
| المُسْتَشْفَى | في المُسْتَشْفَى | من المُسْتَشْفَى | إلى المُسْتَشْفَى |
| أمْرِيكا | في أمريكا | من أمريكا | إلى أمريكا |
| ألمانِيَا | في ألمانيا | من ألمانيا | إلى ألمانيا |

**(6)اِقـرأ واكتـب: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

(1) هذا الطبيب من إنكلترا.
(2) ذهب حامد إلى فَرَنْسا.
(3) محمود مريض. هو الآن في المستشفى.
(4) ذهب عبد الله من ألمانيا إلى إنكلترا.
(5) هذا الكتاب لعِيسَى وذلك الكتاب لِمُوسَى.
(6) هذا المهندس من أمريكا.

(7)اقـرأ: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ)
(1) السبورة أمامَ الطالبِ وهي خَلْفَ المدرس.
(2) أين سيّارة المدرس؟ هي أمامَ المدرسةِ.
(3) أين بيت الإمام؟ بيت الإمام خَلْفَ المسجدِ.
(4) أين جَلَسَ حامد؟ جلس خلف محمودٍ.
(5) ذَهَبَ عـمّار إلى المسجدِ وجلس أمام المِحْرابِ.

الكَلِمَاتُ الْجَدِيْدَةُ (يېڭى سۆزلەر):

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| المستشفى ـ دوختۇرخانا | ألمانيا ـ گرمانيه | إنكلترا ـ ئەنگلىيە | سويسرا ـ شۋىتسارىيە | السكين ـ پىچاق |
| فرنسا ـ فرانسيه | أمام ـ ئالدى | خلف ـ كەينى | | |

# (9)الدَّرْسُ التَّاسِعُ

## (أ)

**مَنْ هذا الرَّجل؟**ـبۇئەر كىم ؟

**هو عباس**-ئۇ ئابباس .

**عبّاس تاجرٌ** ـئابباس سودىگەر .

**عبّاس تاجر غَنِيٌّ** ـئابباس باي سودىگەر .

**حامد مدرِّسٌ**ـهامىد ئوقۇتقۇچى .

**حامد مدرِّسٌ جَدِيدٌ**ـهامىد يېڭى ئوقۇتقۇچى .

**ما هذا؟**ـبۇ نىمە ؟

**هذا تفاح**ـبۇ ئالما .

**التفاح فاكِهَةٌ لَذِيْذَةٌ**ـئالما لەززەتلىك مېۋە .

**ما ذلك؟**ـئاۋۇ نىمە ؟

**ذلك عُصْفُوْرٌ** ـئاۋۇ قۇچقاچ .

**العُصْفُوْرُ طائِرٌ صغِيرٌ** ـقۇچقاچ كىچىك ئۇچارلىق .

**العربيةُ لُغَةٌ سَهْلَةٌ** ـئەرەپ تىلى ئاسان تىل .

**العربيةُ لُغَةٌ جَمِيْلَةٌ** ـئەرەپ تىلى گۈزەل تىل.

**عمّارٌ طالب مُجْتَهِدٌ ، ومحمودٌ طالبٌ كَسْلانُ**

ئەمار تىرىشچان ئوقۇغۇچى ۋە مەھمۇد ھورۇن ئوقۇغۇچى .

**مَنْ أنتَ؟**ـسەن كىم ؟

**أنا طالبٌ** ـمەن ئوقۇغۇچى .

**أ أنتَ طالبٌ جديدٌ ؟**ـ سەن يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ .

**نعم. أنا طالبٌ جديدٌ** ـ ھەئە. مەن يېڭى ئوقۇغۇچى .

## بۇ دەرستىكى گىراممانىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى — بىر ئىسىمنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئىسىم كېلىپ ئۇنى سۈپەتلىگەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

أَنَا طَالِبٌ جَدِيْدٌ (مەن يېڭى ئوقۇغۇچى)

هِيَ الطَّالِبَةُ الْجَدِيْدَةُ (ئۇ يېڭى قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى سۈپەتلەنگۈچى بىلەن سۈپەتلىگۈچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق تۆت جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ:

1) ئىئراب (يەنى ئاخىرىنىڭ ھەرىكىتى) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا كِتَابٌ جَدِيْدٌ (بۇ يېڭى كىتاب)

قَرَأْتُ كِتَابًا جَدِيْدًا (مەن يېڭى كىتابنى ئوقۇدۇم)

هٰذَا اسْمُ كِتَابٍ جَدِيْدٍ (بۇ يېڭى كىتابنىڭ ئىسمىدۇر)

2) جىنس (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

أَحْمَدُ لَهُ ابْنٌ كَبِيْرٌ وَبِنْتٌ صَغِيْرَةٌ
(ئەھمەدنىڭ بىر چوڭ ئوغلى ۋە بىر كىچىك قىزى بار)

3) سان (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:
لَنَا مُدِيْرٌ صَالِحٌ (بىزنىڭ بىر ياخشى مۇدىرىمىز بار)

4) ئېنىق ۋە ئېنىقسىز بولۇش جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:
هِيَ الطَّالِبَةُ الْجَدِيْدَةُ (ئۇ يېڭى قىز ئوقۇغۇچى)
اَلْعَرَبِيَّةُ لُغَةٌ سَهْلَةٌ (ئەرەب تىلى ئاسان تىلدۇر)
دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: تۈرلەنمەيدىغان چەكلەنگەن سۈپەتداش ئىسىملار توغرىسىدا

كَسْلانُ، جَوْعَانُ، عَطْشَانُ، غَضْبَانُ، مَلآنُ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدىغان سۈپەتداش ئىسىملاردۇر.

بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى تەنۋىن ۋە زىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى تاق پەش ۋە تاق زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

أَنَا جَوْعَانُ (مېنىڭ قورسىقىم ئاچ)
أَأَنْتِ بَاكِيَةٌ مِنْ عَطْشَانَ (سىز ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلىدىڭىزمۇ)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «اَلآنَ» ۋە «عِنْدَ» توغرىسىدا

«اَلآنَ» ـــ «ھازىر» دېگەن مەنىدە؛ «عِنْدَ» ـــ «قېشىدا»، «يېنىدا» دېگەن مەنىدە.
ئاتىلىشى: «اَلآنَ» ـــ ۋاقىت رەۋىشى؛ «عِنْدَ» ـــ ئورۇن رەۋىشى.
ئىشلىتىلىشى: «اَلآنَ» ـــ ۋاقىتنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ «عِنْدَ» ـــ ئورۇننى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ۋەزىپىسى: جۈملىدە رەۋىش بولۇپ كېلىدۇ.

## 4- مەزمۇن: نىسبىي ئالماش (اِسْمُ الْمَوْصُولِ) توغرىسىدا

نىسبىي ئالماش ـــ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر مەنانى ئۇقتۇرالمايدىــغان، پەقەت ئۆزىدىن كېيىنكى تولۇقلىغۇچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچى سۆزدىن ئىبارەت.

«اَلَّذِيْ» .. گە ئوخشاش نىسبى ئالماشنىڭ كەينىدىن چوقۇم جۈملە كېلىشى كېرەك.
كەينىدە كەلگەن جۈملە ئىسىملىق جۈملە بولسا (دىكى ، تىكى ) دەپ تەرجىمە قىلىمىز . مەسىلەن:

**الكتاب الذي على المكتب للمدرس.**

(ئۇستەل ئۇستىدىكى كىتاب ئوقۇتقۇچىنىڭ)

**دىگەنگە ئوخشاش.**

نىسبى ئالماشنىڭ كەينىدە كەلگەن جۈملە پېئىللىق جۈملە بولسا (غان ، قان ،گەن ، كەن ) دەپ تەرجىمە قىلىمىز .

مەسىلەن:

**الطالب الذي خرج من الفصل الآن من إندونيسيا.**

**(هازىر سىنىپتىن چىققان ئوقۇغۇچى ھىندىنوزىيىلىك)**

**دىگەنگە ئوخشاش.**

نىسبي ئالماش كەينىدىكى جۈملە بىلەن قوشۇلۇپ جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كىلىدۇ، ئايرىم جۈملە بۆلالمايدۇ.

نىسپى ئالماش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار كىتابنىڭ 12- دەرسىدە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ (ئاللاھ تەئالا خالىسا.)

## تَمَـارِيْنُ

**(1)اِقـرأ واكتـب: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

| | |
|---|---|
| **(1)محمد طالب قديم.** | |
| **(2)أذلك الرجل مدرس جديد؟** | **لا. هو طبيب جديد.** |
| **(3)هذا درس سهل.** | **(4)عباس تاجر شَهِير.** |
| **(5)بلال مهندس كبير.** | **(6)الإِنْكِلِيْزِّيَةَ لغة صعبة.** |
| **(7)أَ أنت رجل غنيّ؟** | **لا. أنا رجل فقير.** |
| **(8)القَاهِرَةُ مَدِينَةٌ كبيرة.** | |
| **(9)أ أنـت مدرس قديم؟** | **لا. أنا مدرس جديد.** |
| **(10)أحامد طالب كسلان؟** | **لا. هو طالب مجتهد.** |

**(2)ضع في الفراغ في الجمل الآتية نَعْتاً مناسباً (تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى بوش ئورۇندا مۇناسىپ كىلىدىغان سۈپەتنى قويۇڭ)**

| | |
|---|---|
| **(1)خديجة طالبة............** | **(2)خالد تاجر.....................** |
| **(3)العربية لغة.............** | **(4)العصفور طائر...............** |
| **(5)التفاح فاكهة............** | **(6)أنا مدرس.....................** |
| **(7)محمد طبيب............** | **(8)الإنكليزية لغة...............** |
| **(9)أ أنت طالب...........** | **(10)القاهرة مدينة...........** |

**(3)ضع في المكان الخالي في الجمل الآتية منعوتاً مناسباً: (تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى بوش ئورۇندا مۇناسىپ كېلىدىغان سۈپەتنى قويۇڭ)**

**(1)العربية......... سهلة.** **(2)أنا .............. قديم.**

**(3)عمّار............غني.** **(4)هـذا ........... مكسور**

**(5) فيصل .................. كسلان.**

**(4)اِقْـرأْ: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)**

**كَسْلانُ .جَوْعَانُ. عَطْشَانُ. غَضْبَانُ. ملآن.**

**(1)أنا جوعان (2)أ أنت جوعـان؟ لا، أنـا عطشـان.**

**(3)لماذا المدرس غضبان اليوم؟ (4)الـكـوب ملآن.**

**الكَلِمَاتُ الْجَدِيْدَةُ: (يېڭى سۆزلەر)**

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| اللغـة ـ تىل | شهير ـ مەشھۇر | المدينـة ـ شەھەر | الطـائر ـ ئۇچارلىق | اليـوم ـ بۈگۈن | كسـلان ـ هورۇن | جوعـان ـ ئاچ |
| عطشـان ـ ئۇسسۇز | ملآن ـ توق | غضبـان ـ غەزەپلەنگۈچى | العصفـور ـ قۇچقاچ | اليَـوْمَ ـ بۈگۈن | | |

**(ب)**

**أين المـدرسُ؟**ـئوقۇتقۇچى قەيەردە؟

**هو في الفصـل**ـ ئۇ سىنىپتا.

**وأين المدرسُ الجديدُ؟**ـيېڭى ئوقۇتقۇچى قەيەردە؟

**هو عِنْدَ المدير**ـ ئۇ مۇدىرنىڭ يېنىدا.

**أين الطالبُ الجديدُ؟**ـيېڭى ئوقۇغۇچى قەيەردە؟

**ذهب إلى الـمَكْتَبَـةِ**ـ ئۇ كۇتۇپخانىغا كەتتى.

**مَنْ ذلِكَ الرَّجلُ الطويلُ الذي خَرَجَ الآن من المدرسة؟**

ھازىرمەكتەپتىن چىققان ئاۋۇ ئېگىز بويلۇق كىشى كىم؟

**هو المديرُ الجـديدُ**ـ ئۇ يېڭى مۇدىر.

**ومن الولدُ الصغيرُ الذي خرج الآن من الفصل؟**

ھازىرسىنىپتىن چىققان كىچىك بالا كىم؟

**هو ابن المدير الجديد**ـ ئۇ يېڭى مۇدىرنىڭ ئوغلى.

**لِمَنْ تلك السيارةُ الْجميلةُ؟**ـئاۋۇ چىرايلىق ماشىنا كىمنىڭ؟

**هي للمدير الجـديـدِ**ـ ئۇ يېڭى مۇدىرنىڭ.

**لِـمَنْ هذا الكتابُ الكبيرُ؟ أهو للمدرسِ؟**

بۇ چوڭ كىتاب كىمنىڭ؟ ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭمۇ؟

**لا ، هو للطالب الجـديـدِ ـ** ياق،ئۇ يېڭى ئوقوغۇچىنىڭ.

**أين الملعقةُ الصَغيرةُ؟**

كىچىك قوشۇق قەيەردە؟

**هي في الكُـوب ـ** ئۇ ئىستاكاندا.



**أين الكرسـيُّ المكسـورُ؟**ـسۇنۇق ئورۇندۇق قەيەردە؟

**هو هنـاك ـ** ئۇ ئاۋۇ يەردە.

## تَمَارِينُ

**(1) اِقـرأ واكتـب: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

**(1)الـطبيبُ الجـديدُ في المستشفى والـطبيب القـديم في المُسْتَوْصَف.**

**(2)القلم المكسور على المكتب.**

**(3)المِرْوَحَةُ الجديدة في الغرفة الكبيرة.**

**(4)اللغـة العربيـة سهلـة.**

(5)الولد الطويل الذي خرج من الفصل الآن طالب من الهند.

(6)أنا في المدرسة الثانَوِيَّة.

(7)ذهب الرجل الفقير إلى الوزير.

(8)جلس الطالب الجديد خَلْفَ حامد.

(9)السكين الكبير حاد جداً.

(10)من هذا الولد الصغير؟ هو آبن المدرس الجديد.

(2)اِملأ في الفراغ فيما يلي بالنعت الذي بين قوسين بعد تحليته بـ عند اللزوم. (ئككى تىرناق ئارىسىدىكى سۈپەت بىلەن لازىم بولغاندا ئەلىف ـ لام(ال)نى قوشقاندىن كېيىن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ)

(1)أين المدرس ..............................................؟ (جديد)

(2)التاجر.................................... في السوق . (كبير)

(3)أنا طالب...................................................( قديم)

(4)جلس الطالب ............................ خلف محمد. (جديد)

(5)من الولد......................... الذي خرج الآن من الفصل؟ (طويل)

(6)عمار ولد...... .. ..........................................(قصير)

(7)فيصل طبيب ............................................( شهير)

(8)لمن هذا السرير.................................. ؟ (مكسور)

(9)هذا قلم.................................................... (مكسور)

(10)أين السكين ...........................................؟ (حاد)

(11)لمن هذه السيارة...................................... ؟ (جميلة)

(3) اِقرأ: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

(1)الطالب الذي خرج من الفصل الآن من إندونيسيا.

(2)الكتاب الذي على المكتب للمدرس.

(3)لمن هذا القلم الجميل الذي على المكتب؟

(4)البيت الكبير الذي في ذلك الشارع للوزير.

الكلمات الجديدة (يېڭى سۆزلەر)

المكْتَبَةُ ـ كۇتۇپخانا الآنَ ـ هازىر المرْوَحَةُ ـ شامالدۇرغۇچ المُسْتَوْصَفُ ـ دوراخانا المَدْرَسَةُ الثانَوِيَّةُ ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

الوَزِيْرُ ـ مىنىستىر شَهِيْرٌ ـ مەشھۇر حَادٌّ ـ ئىتتىك

# (10)الدَّرْسُ الْعَاشِـرُ

**حامد : من أنت ؟**

هامىد : سەن كىم ؟

**محمد :أنا طالب بالجامعة .**

مۇھەممەد : مەن ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى .

**حامد : أأنت طالب جديد ؟**

ھامىد : سەن يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ ؟

**محمد :نعم أنا طالب جديد .**

مۇھەممەد : ھەئە مەن يېڭى ئوقۇغۇچى .

**حامد :من اين أنت ؟**

ھامىد : سەن قەيەردىن ؟

**محمد : أنا من الهند .**

مۇھەممەد : مەن ھىندىستاندىن .

**حامد :مااسمك ؟**

ھامىد : سىنىڭ ئىسمىڭ نىمە ؟

**محمد :إسمي محمد .**

مۇھەممەد : ئىسمىم مۇھەممەد .

**حامد :ومن هذا الفتي الذي معك ؟**

ھامىد : يېنىڭىزدىكى قىز كىم ؟

**محمد :هو زميلي .**

مۇھەممەد : ئۇ مىنىڭ ساۋاقدىشىم .

**حامد :أهو ايضا من الهند ؟**

ھامىد : ئۇمۇ ھىندىستاندىنمۇ ؟

**محمد: لا . هو من اليابان .**

مۇھەممەد : ياق ، ئۇ ياپۇنىيەدىن .

**حامد : مآاسمه ؟**

ھامىد : ئۇنىڭ ئىسمى نىمە ؟

**محمد : إسمه حمزة .**

مۇھەممەد : ئۇنىڭ ئىسمى ھەمزە .

**حامد : مالغتك يامحد ؟**

ھامىد : تىلىڭىز نىمە ؟

**محمد :لغتي الأردية .**

مۇھەممەد: تىلىم ئوردا تىلى .

**حامد : أهي لغة سهلة؟**

ھامىد : ئۇ ئاسان تىلمۇ ؟

**محمد : نعم. هي لغة سهلة .**

ھەئە. ئۇ ئاسان تىل .

**حامد :وحمزة ,مالغته؟**

ھامىد: ھەمزە ، ئۇنىڭ تىلى نىمە ؟

**محمد : لغته اليابانية وهي لغة صعبة** **各部の名称と使いかた**

مۇھەممەد : ئۇنىڭ تىلى ياپۇن تىلى ۋە ئۇ قىيىن تىل .

**حامد :اين أبوك يامحمد ؟**

هامد : ئى مۇھەممەد! داداڭ قەيەردە ؟

**محمد : أبي في الكويت, هوطبيب شهير .**

مۇھەممەد : دادام كۇۋەيتتە ،ئۇ داڭلىق دوختۇر .

**حامد : وأين أمك ؟**

هامد : ئاناڭ قەيەردە ؟

**محمد : هي أيضا في الكويت مع أبي . هي مدرسة هناك .**

**مۇھەممەد :** ئۇمۇ ھەم دادام بىلەن كۇۋەيتتە ، ئۇ شۇيەردە ئوقۇتقۇچى .

**حامد : أذهبت الي الكويت يامحمد ؟**

هامد : ئى مۇھەممەد! سىز كۇۋەيتكە بارغانمۇ ؟

**محمد : نعم. ذهبت ـ ھەئە. باردىم .**

**وزميلك ,أين أبوه ؟**

ساۋاقدىشىڭىز, ئۇنىڭ دادىسى قەيەردە ؟

**محمد : أبوه في اليابان . هوتاجر كبير .**

ئۇنىڭ دادىسى ياپۇنىيدە. ئۇ داڭلىق سودىگەر.

**حامد :ألك أخ يا محمد ؟**

هامد : ئى مۇھەممەد! سىنىڭ بىرتۇققىنىڭ بارمۇ ؟

**محمد : نعم . لي أخ واحد , إسمه أسامة , وهو معي هنا في المدينة المنورة .**

ھەئە ، مېنىڭ بىر قېرىندىشىم بار ،ئۇنىڭ ئىسمى ئۇسامە ، ئۇ مەن بىلەن بۇ يەردە مەدىنە مۇنەۋۋەردە .

**ولي أخت واحدة اسمها زينب , وهي في العراق مع زوجها . زوجها مهندس .**

مىنىڭ بىر ھەمشىرەم بار، ئىسمى زەينەب ، ئۇ يولدىشى بىلەن ئىراقتا . ئۇنىڭ يولدىشى ئىنژىنىر.

**حامد: أعندك سيارة ياأخي ؟**

هامد : قېرىندىشىم ماشىڭىز بارمۇ ؟

**محمد : لا . ماعندي سيارة .عندي دراجة . حمزة ,عنده سيارة .**

ياق . مېنىڭ ماشىنام يوق. مېنىڭ ۋېلسىپېتىم بار . ھەمزە، ئۇنىڭ ماشىنىسى بار .

## بۇ دەرستىكى گىراممatiكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئۇلانما كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا

بىز ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن، ئەمدى بۇ دەرستە كىشىلىك ئالماشنىڭ ئىككىنچى بىر تۈرى بولغان ئۇلانما كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

ئۇلانما كىشىلىك ئالماش ـــ مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغان، پەقەت سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئىشلىتىلىدىغان كىشىلىك ئالماشتىن ئىبارەت.

III شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

ـهُ   ـهُمَا   ـهُمْ   ـهَا   ـهُمَا   ـهُنَّ

بۇ ئالماشلار ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئىگىلىكنى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِسْمُهُ أُسَامَةُ (ئۇنىڭ ئىسمى ئۇسامە)

اِسْمُهَا زَيْنَبُ (ئۇنىڭ ئىسمى زەينەب)

فَهِمْتُهُ (مەن ئۇنى چۈشەندىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

II شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

ـكَ   ـكُمَا   ـكُمْ   ـكِ   ـكُمَا   ـكُنَّ

بۇلارمۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئىگىلىكنى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مَا اسْمُكَ (ئىسمىڭ نېمە)   أَيْنَ أَبُوْكَ (داداڭ قەيەردە)

مَنْ خَلَقَكُمْ (سىلەرنى كىم ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

I شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

ـيْ   ـنَا

بۇلارمۇ ئىسمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئېنىقلىغۇچى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن:

اِسْمِيْ مُحَمَّدٌ (ئىسمىم مۇھەممەد)

فَصْلُنَا جَمِيْلٌ (سىنىپىمىز چىرايلىق)

خَلَقَنَا اللهُ (بىزنى ئاللاھ ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «ذَهَبْتَ» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئالدى سۇكۇن ئوقۇلغۇچى زەبەرلىك «ت» ئۇلانسا، ئۇ II شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئالدى سۇكۇن ئوقۇلغۇچى پىشلىك «ت» ئۇلانسا، I شەخس ئەر-ئايالغا ئورتاق بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسلەن:

أَذَهَبْتَ إِلَى الْكُوَيْتِ يَا مُحَمَّدُ؟ (ئى مۇھەممەد! كۇۋەيتكە باردىڭمۇ؟)

نَعَمْ، ذَهَبْتُ. (شۇنداق، باردىم.)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «لِ» ۋە «عِنْدَ»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا

بىر نەرسىنىڭ يانىدا بارلىقنى ئۇقتۇرۇشتا ئادەملەر ئۈچۈن «لِ»، نەرسىلەر ئۈچۈن «عِنْدَ» ئىشلىتىلىدۇ. ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسلەن:

عِنْدِيْ كِتَابٌ (مېنىڭ كىتابىم بار)

لِيْ أَخٌ (مېنىڭ قېرىندىشىم بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

مەزكۇر «ل» ئەسلىدە زىرلىك ئوقۇلسىمۇ، لېكىن «ي»دىن باشقا ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار ئۇلانغاندا يەڭگىللىكنى كۆزدە تۇتۇپ زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ: «لِيْ»، «لَهُ»، «لَكَ»، «لَهَا» ... دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «مَعَ» توغرىسىدا

«مَعَ» ـــ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنى ياكى ۋاقتىنى ئۇقتۇرىدىغان ئىسىم بولۇپ، رەۋىش بولغانلىقى ئۈچۈن زەبەرلىك ئوقۇلغان. مەسلەن:

خَرَجَ حَامِدٌ مَعَ خَالِدٍ (ھامىد خالىد بىلەن بىر ۋاقىتتا چىقىپ كەتتى)

جَلَسَ الْمُدَرِّسُ مَعَ الْمُدِيْرِ (ئوقۇتقۇچى مۇدىر بىلەن بىر ئورۇندا ئولتۇردى)

## 5- مەزمۇن: تولۇق تۈرلىنىدىغان خاس ئىسىملار توغرىسىدا

مُحَمَّدٌ، خَالِدٌ، حَامِدٌ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملارنىڭ ئاخىرى تەنۋىنلىك ئوقۇلىدۇ ۋە ئۈچىلى ھەرىكەت بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

مُحَمَّدٌ مِنْ مُحَمَّدٍ

دېگەنگە ئوخشاش.

حَمْزَةُ، طَلْحَةُ، أُسَامَةُ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدىغان ئەرلىك جىنستىكى خاس ئىسىملاردۇر.

بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىمۇ تەنۋىن ۋە زىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى تاق پەش ۋە تاق زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

مُعَاوِيَةُ فِي مُعَاوِيَةَ

دېگەنگە ئوخشاش.

## 6- مەزمۇن: ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى ھەرپلەر كىرگەن ئىسىملارنىڭ سۈپەت بولۇشى توغرىسىدا

ئېنىقسىز ئىسىمدىن كېيىن بېشىغا زىر ئوقۇتقۇچى ھەرپ كىرگۈزۈلگەن ئىسىم كەلسە، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كەلگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

أَنَا طَالِبٌ بِالْجَامِعَةِ (مەن ئۈنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ جۈملىدە «بِالْجَامِعَةِ » دېگەن ئىسىم «طَالِبٌ» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن.

هُمْ أَطِبَّاءُ مِنْ أَمْرِيْكَا (ئۇلار ئامېرىكىلىق دوختۇرلار)

بۇ جۈملىدە «مِنْ أَمْرِيْكَا» دېگەن ئىسىم «أَطِبَّاءُ» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن.

## تمارين

**(1)أجب عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

| | |
|---|---|
| **(1)مااسمك؟** | **(2) من أين أنت؟** |
| **(3) ما لُغَتُـك؟** | **(4) أين أبـوك؟** |
| **(5) أين أمّـك؟** | **(6) ألك أخ؟** |
| **(7) ألك أخت؟** | **(8) أعِندكَ سيـارة؟** |

(9) أعندكَ درّاجة؟ (10) أعندكَ قلم؟

(11) أعندك دفتر؟ (12) أ أبوك تاجر؟

(13) من أين محمدٌ ؟ (14) ما لغته؟

(15) أين أبوه؟ (16) أين أمه؟

(17) من أين حمزة؟ (18) ما لغته؟

(19) أين أبوه؟ (20) أين زينبُ؟

(21) أين زوجها؟ (22) أزوجها مدرس؟

---

(2) ضع في الفراغ فيما يلي الضمير (ه/ ها): ( تۆۋەندىكى بوش ئورۇندا (ه)ياكى (ها) دىگەن ئالماشنى قويۇڭ)

(1)هذه البنت طالبة. اِسْمُـ ............................ زينب.
(2)محمد طبيب. وابنـ ..................................... مهندس.
(3)هذا الرجل تاجر كبير. اسمـ............................ عبد اللّه.
(4)آمنة في الغرفة وأمـّ ................................... في المطبخ.
(5)عائشة طبيبة وأختـ ................................. ممرضة.
(6)خرج محمد من الفصل وخرج مَعَه زميلـ. .........................

(3)هات خمسة أسئلة وأجوبة كالمثال الآتي: (تۆۋەندىكى مىسالدىكىگە ئوخشاش بەش سوئال ۋە بەش جاۋاب تۈزۈپ چىقىڭ)

أعِنْدكَ قَلَمٌ ؟ نعم. عِنْدي قَلَمٌ.

(4)هات خمسة أسئلة وأجوبة كالمثال الآتي: (تۆۋەندىكى مىسالدىكىگە ئوخشاش بەش سوئال ۋە بەش جاۋاب تۈزۈپ چىقىڭ)
أعِنْدكَ قَلَمٌ ؟ لا. ما عِنْدِي قَلَمٌ.

(5)تأمل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئويلىنىڭ)

بَيْتٌ

بَيتِيْ
بَيْتُكَ



بَيْتُهَا
بَيْتُهُ

(6)أضِفْ الأسماء الآتية إلى المتكلم والمخاطب والغائب والغائبة كما هو موضّح في المثال:( مىسالدا كۆرسىتىلگەندەك تۆۋەندىكى ئىسىملارنى بىرىنچى شەخس بىرلىك(المتكلم ) ۋە ئىككىنچى شەخس ئەرلىك بىرلىك (المخاطب) ۋە ئۈچىنچى شەخس ئەرلىك بىرلىك (الغائب) ۋە ئۈچىنچى شەخس ئاياللىق بىرلىك( الغائبة) ئالماشلىرىغا قوشۇڭ)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قَلَمٌ | هذا قلمي | هذا قلمك | هذا قلمه | هذا قلمها |
| كتابٌ | ............... | ............... | ............... | ............... |
| سرير | ............... | ............... | ............... | ............... |
| اسْمٌ | ............... | ............... | ............... | ............... |
| منديلٌ | ............... | ............... | ............... | ............... |
| اِبْـنٌ | ............... | ............... | ............... | ............... |
| سيّارةٌ | ............... | ............... | ............... | ............... |
| مفتاح | ............... | ............... | ............... | ............... |
| يد | ............... | ............... | ............... | ............... |

**(7)اِقـرأْ: ( تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)**

**لِي لَـكَ لَـهُ لَهَـا**

**(1)لي أخْتٌ واحدةٌ.**

**(2)أَلَكَ أَخٌ ؟ لا، ما لِي أَخ.**

**(3)أُخْتِي لَهَا طِفْلٌ صغير.**

**(4)زَمِيلي له أَخٌ وأُختٌ.**

**(نقول :عِنْدي كتاب. ونقول: لي أَخٌ . لا نقول :عِنْدي أَخٌ ).**

**(8)مَـعَ:**

**(1)خرج حامد مَعَ خالدٍ.**

**(2)ذهب الطبيبُ مَعَ المهندسِ.**

**(3)جلَسَ المدرسُ مَعَ المدير.**

**(4)مَنْ مَعَكَ يا عليّ؟ مَعِي زَميلي.**

**(5)آمنة معها زَوْجُها.**

**(6)خَرَج أبي من البيت. مَنْ خَرَجَ مَعَهُ؟ خَرَج مَعَهُ عَمِيّ.**

**(9)**

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بَيْتٌ | بَيْتُكَ | بَيْتُهُ | بَيْتُهَا | بَيْتِي |
| أب | أَبُوكَ | أَبُوهُ | أَبُوهَا | أَبي |
| أَخٌ | أَخُوكَ | أَخُوهُ | أَخُوهَا | أَخي |

(1)أبي وأميَ في البيت.
(2)أين أبوك يا حامد؟ ذهب إلى السوق.
(3)أ أخوك طبيب؟ لا، هو مدرس.
(4)زينب في الرياض. أخوها في الطائف وأبوها في المدينة المنورة.
(5)هذا الطالب أبوه وزير وأخوه تاجر كبير.
(6)ذهب أخي إلى المدرسة وذهب أبي إلى الجامعة.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| محمدٌ | خالدٌ | حامدٌ | عباسٌ | محمودٌ |
| حَمَزَةُ | طَلْحَةُ | أُسَامَةُ | مُعَاوِيَةُ | عِكْرِمَةُ |

(10)اِقـرأ الأسماءَ الآتية واضبط أواخرها: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇپ ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)
خالـد .حمزة. عـمار. أنس. معاوية. حامد. أسامة .عكرمة. عباس. محمد. طلحة.

الكلمات الجديدة: (يېڭى سۆزلەر)

الزَّمِيْلُ ـساۋاقداش  الزَّوْجُ ـئەر  واحِدٌ ـبىر

فَتىً ـيىگىت  مَعَ ـبىلەن  الطِّفْلُ ـكىچىك بال

الكُوَيْتُ ـكۇۋەيت  اللغَةُ ـتىل

